# شىنجاڭنىڭ ئېلېكترو قۇرۇلۇشى پەنلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ھارماي ئىزدىنىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قەغەز يۈزىدىكى يىرىك پىلان، ئۇلۇغۋار پىلاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئاسان ئىش ئەمەس، ئالدى بىلەن ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىكى ئىدىيە. «ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، باش چۆكۈرۈپ تەتقىق قىلساقلا، ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە دەرس ئۆتسەكلا ياخشى ئىشلىگەن بولمايمىز، يەنە ياخشى سۈپا ھازىرلىشىمىزغا، سىرتقا چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.» ئېلېكترو قۇرۇلۇشى شۆبىسىنى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىلىم سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، جوۋ يۈەنشياڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆۋرۈكلۈك، رىشتىلىق رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، چىڭخۇا داشۆسىنىڭ ئېلېكترو ساھەسىدىكى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىغا داڭلىق 18 مۇتەخەسسىسىدىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مۇتەخەسسىسلەر ئۆمىكى تەشكىللەپ قۇرۇپ، شىنجاڭ داشۆسى ئېلېكترو قۇرۇلۇشى پېنىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك دوكتورلۇق نۇقتىسى سالاھىيىتىگە ئېرىشىشىگە كۈچ قوشتى. 1 ـ دەرىجىلىك دوكتورلۇق نۇقتىسى سالاھىيىتىنىڭ باھالىنىشى شىنجاڭ داشۆسىنىڭ ئېلېكترو قۇرۇلۇشى پېنى بويىچە بىرقەدەر ياخشى ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش مېخانىزمى ۋە سۈپىسىنىڭ ھازىرلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، پۈتۈن شۆبىدىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بۇنىڭدىن ھەسسىلەپ ئىلھام ئالدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پەن تەتقىقاتقا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، جوۋ يۈەنشياڭ تەكشۈرۈپ باھالاش تۈزۈمىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مۇكاپاتلاش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنى تېخىمۇ كۆپ زېھنىنى پەن تەتقىقات ۋە ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىگە سەرپ قىلىشقا يېتەكلەپ، بارلىق خادىملارنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، پەننى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېغىر ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پەن تەتقىقات ئاكتىپلىقىنىڭ ئۆسۈشى ئوقۇغۇچىلارغا تۈرتكە بولدى، بىزنىڭ بەزى پەن تەتقىقات تۈرلىرىمىزگە ئىككى يىل ئىلگىرى پەقەت ئىككىدىن ئۈچكىچە ئادەملا ئىلتىماس قىلاتتى، بۇ يىل 26 ئادەم ئىلتىماس قىلدى، بۇ مەن خۇشال بولغان ئىش.» ئۆزگىرىش تىلغا ئېلىنغاندا، جوۋ يۈەنشياڭنىڭ چىھرىدە كۈلكە جىلۋىلەندى.

ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالسا، مەنبەسىز سۇغا، يىلتىزسىز دەرەخكە ئوخشاپ قالىدۇ، ئەمەلىيەت ئوقۇتۇشنى كۆچەيتىش سانائەت پەنلىرى تۈرىدىكى مەكتەپلەردە ئىنتايىن مۇھىم. شىنجاڭ داشۆسگە كەلگەندىن كېيىن، جوۋ يۈەنشياڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ كارخانىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ، پەن تەتقىقات تۈرلىرىنى قولغا كەلتۈردى. «پەن تەتقىقات تۈرى بولغاندىلا ئاندىن نەزەرىيەنى دەلىللەش قورالى بار بولىدۇ، ئاندىن پەن قۇرۇلۇشنى ياخشى قىلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتى، پەن تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلاشقان ئىختىساسلىقلارنى ھەقىقىي يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ» دېدى جوۋ يۈەنشياڭ.

كۈندىلىك باشقۇرۇشتىن سىرت، جوۋ يۈەنشياڭ تېخىمۇ كۆپ ۋاقتىنى دەرسخانا ۋە تەجرىبىخانىغا قالدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چوڭقۇر قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. «خەلقئارادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان بىر قىسىم ئىلىم ـ پەن ئىدىيەسىنىڭ ھەممىسىنى جوۋ مۇئەللىمدىن ئۆگەندۇق، مەسىلىگە يولۇقساق ئۇ ھەر ۋاقىت چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ.» ئېلېكترو قۇرۇلۇشى شۆبىسىنىڭ 2018 ـ يىللىق دوكتور ئوقۇغۇچىسى جياڭ گۈيمىننىڭ نەزەرىدە، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى جوۋ يۈەنشياڭ «ئەستايىدىل، تەلەپچان، ئېھتىياتچان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ».

جوۋ يۈەنشياڭنىڭ يېتەكلەپ ياردەم بېرىشىدە، بۇلتۇر جياڭ گۈيمىن چىڭخۇا داشۆسى ـــ شىنجاڭ داشۆسى دۆلەت نۇقتىلىق تەجرىبىخانىسى شۆبە تەجرىبىخانىسىنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلاندى. بۇ يىل يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلانغاندا ئۇ چىڭخۇا داشۆسگە بېرىپ ئىزولياتور ماتېرىياللىرىنى سىناش، تەتقىق قىلىپ ئېچىش قاتارلىق ئالاقىدار تېمىلاردا ئۆگىنىش ۋە ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇردۇ.

ئىككى يىلدىن بۇيان، جوۋ يۈەنشياڭ نىشانلىق ياردەم بېرىش بايلىقى ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار كۈچىنى مۇجەسسەملەپ ئوقۇتۇشنى ئىسلاھ قىلىپ ۋە ئىزدىنىپ، شۆبىنىڭ تەرەققىياتىدا يېڭى كەيپىيات شەكىللەندۈردى: شۆبىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەبىئىي پەن فوندى تۈرىگە ئىلتىماس قىلىشى ھەم ئىلتىماسنامە يېزىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى تۈزىتىش تاماملاندى؛ بۇنىڭدىن كېيىنكى شۆبىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى چۆرىدەپ، شۆبىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئېنېرگىيە تەرەققىياتى ۋەزىيىتىنى مەۋقە قىلىپ، ئېنېرگىيە ئالاقە تورى ۋە چوڭ سىغىملىق توك يەتكۈزۈش تېخنىكىسى قۇرۇلۇشى مەركىزى پەن تەتقىقات سۇپىسى قۇرۇشنى بېكىتىلدى؛ ئېلېكتر ئېنېرگىيە سىستېمىسى ھەم چوڭ تىپتىكى توك چىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كونترول قىلىش ۋە تەقلىدىي دۆلەت نۇقتىلىق تەجرىبىخانىسى شامال، يورۇقلۇق زاپاس ساقلاش ـ ئايرىش ئۆيى قۇرۇلدى؛ ئېنېرگىيە ئالاقە تورى ۋە چوڭ سىغىملىق توك يەتكۈزۈش ئاكادېمىكلار خىزمەت پونكىتى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى؛ جوۋ يۈەنشياڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئېنېرگىيە چوڭ تۈرلىرى بويىچە يېتىشتۈرۈش، بىر دەرسنى تەڭ ئاڭلاش مائارىپ ئوقۇتۇش ئىدىيەسى ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ ئوقۇتۇشىدىكى نۇقتىلىق ئىسلاھات تۈرى بولۇپ تەستىقلاندى؛ شۆبىۋەن پائال تېخنىكا كىرگۈزۈپ، جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ مۇلازىمەت قىلىپ، باشلامچى بولۇپ كارخانا بىلەن ئۇدۇللىشىپ، 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پەن تەتقىقات خىراجىتىنى قولغا كەلتۈردى.

يازلىق تەتىلنىڭ يېرىمى ئۆتۈپ كەتتى، جوۋ يۈەنشياڭ بىر كۈنمۇ ئارام ئالمىدى، ئۇنىڭ خىزمەت خاتىرىسىنى ۋاراقلاپ كۆرسەك، ھەر كۈنى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. يېقىنقى بىر ھەپتىدە، ئۇ شىنجاڭ بىلەن بېيجىڭ ئارىسىدا بېرىپ ـ كېلىپ، 23 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئېلېكتروستاتىك ئىلمىي يىللىق يىغىنى، مەملىكەتلىك ئېلېكترو قۇرۇلۇشى شۆبىۋەنلىرىنىڭ شۆبىۋەن(مەكتەپ) مۇدىرلىرى مۇنبىرى قاتارلىقلارغا تەييارلىق كۆرۈپ، توختىماي پايپېتەك بولدى. «ھازىر، مېنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىمنىڭ ئاخىرلىشىشىغا يەنە 300 نەچچە كۈنلا قالدى، ھەر كۈنى ۋاقىت بىلەن بەسلىشىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن، قىلىدىغان ئىشىم يەنە ناھايىتى كۆپ، مەن جەزمەن تېخىمۇ غەيرەت قىلىپ، مىنۇت ـ سېكۇنتنىمۇ قولدىن بەرمەسلىكىم كېرەك.» جوۋ يۈەنشياڭنىڭ سۆزى قەتئىي ئىدى، ئۇ سىستېمىلىق ئېلېكترو قۇرۇلۇشى 1 ـ دەرىجىلىك پەن يېتىلدۈرۈش لايىھەسىنى تۈزۈش ئۈچۈن كۆچىمەكتە، ئۇ شىنجاڭ داشۆسىنىڭ «ئىككىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈش» قۇرۇلۇشىغا كۈچ قوشۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى مۇستەھكەم ئىختىساسلىقلار كاپالىتى بىلەن تەمىنلەشنى ئۈمىد قىلدى.

# ئاپتونوم رايونىمىز ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرستىن كېيىنكى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش مۇلازىمىتى خىزمىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ قانات يايدۇردى

مۇخبىرىمىز **جاۋ شىيا** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى قاتارلىق كۆپ تارماقلار بىلەن بىرلىكتە بېسىپ تارقاتقان «ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنى دەرستىن كېيىنكى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش مۇلازىمىتى خىزمىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكرى»دە، بۇ يىل 9 ـ ئايدا يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلانغاندا، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق ئالتە ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر)تىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنى دەرستىن كېيىنكى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش مۇلازىمىتى خىزمىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ قانات يايدۇرۇش ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

دەرستىن كېيىنكى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش مۇلازىمىتى مەكتەپ نورمال تەربىيەلەش، ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىغاندىن سىرت، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئىختىيار قىلىش ئاساسىدا، ئاپىرىش ـ ئەكىلىشتە ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە قارىتا، ئوقۇغۇچى تۇرۇشلۇق مەكتەپنى ئاساس قىلىپ كونكرېت زىممىسىگە ئالىدىغان ئاممىۋى مەنپەئەت خاراكتېرىگە ئىگە، ئومۇملاشمىغان ۋاكالىتەن باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ مۇلازىمەت ئوبيېكتى ئاساسلىقى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى دەرستىن كېيىنكى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش مۇلازىمىتىگە ئېھتىياجلىق بولغان قاتناپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، مېيىپ بالىلار، ئۆيدە قالغان بالىلار، قىيىن ئەھۋالدا قالغان بالىلار، شەھەرگە كىرىپ ئىشلەمچىلىك قىلىدىغانلار بىلەن بىللە كۆچۈپ كەلگەن پەرزەنتلەر، ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار بالىلار ۋە ئوتتۇرا، تۆۋەن يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى قاتارلىق مۇلازىمەتكە ئېھتىياجلىق توپ ئالدىن كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ.

«يېتەكچى پىكىر»دە مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: دەرستىن كېيىنكى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش مۇلازىمىتىدە ئوقۇغۇچىلارنى بەلگىلەنگەن ئورۇندا ئۆز ئالدىغا تاپشۇرۇق ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرسا، ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىقى بار ئايرىم ئوقۇغۇچىلارغا يېتەكچىلىك قىلسا، ياردەم بەرسە بولىدۇ؛ مەۋقەنى ئۆز مەكتىپىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە خاسلىق قۇرۇلۇشىغا قويۇپ، قاپلىنىش دائىرىسى كەڭ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشى، ھەۋىسىنى قاندۇرىدىغان تەنتەربىيە مەشىقى، مەدەنىيەت ـ سەنئەت، ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئەت قاتارلىق تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرسا، يەنە كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرى، بالىلار، ئۆسمۈرلەرگە ماس كېلىدىغان فىلىملەرنى كۆرۈش قاتارلىق قىزىقارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى «قورۇما تىزىملىكى شەكلى» دىكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىسە بولىدۇ؛ ئوقۇغۇچىلارنى كىتاب ئوقۇش ئۆيى قاتارلىق رايونلاردا ئۆز ئالدىغا كىتاب ئوقۇشقا ياكى كىتاب ئوقۇپ پىكىر ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرسىمۇ بولىدۇ.

«يېتەكچى پىكىر»دە مۇنداق تەكىتلەندى: ھەرقايسى مەكتەپلەر دەرستىن كېيىنكى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنى باھانە قىلىپ يازمىچە ئائىلە تاپشۇرۇقى ئورۇنلاشتۇرسا بولمايدۇ، دەرستىن كېيىنكى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش مۇلازىمىتى نامى بىلەن كوللېكتىپ ئوقۇتۇش ياكى دەرس تولۇقلاش قاتتىق چەكلىنىدۇ، دەرستىن كېيىنكى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش مۇلازىمىتى مەزگىلىدە يېڭى دەرس ئۆتۈش قاتتىق چەكلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: دەرستىن كېيىنكى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش مۇلازىمىتى ئادەتتە دۈشەنبىدىن جۈمەگىچە چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندىن كېيىن باشلىنىدۇ، پرىنسىپ جەھەتتە كۈندە ئىككى سائەتتىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. دەرستىن كېيىنكى بىر سائەتلىك ۋاكالىتەن باشقۇرۇش مۇلازىمىتىگە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلاردىن ھەر مەۋسۇمدە 200 يۈەندىن ئېشىپ كەتمەسلىك ئۆلچىمى بويىچە ھەق ئېلىنىدۇ.

# ئالدىنقى ئالتە ئايدا ئالاتاۋنىڭ تەۋەلىك سودا سوممىسى 283% ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە، ئالاتاۋ ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى ئىمپورت ـ ئېكسپورت رايونىنىڭ مال سودىسى قىممىتى 2 مىليارد 803 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2018 ـ يىلىدىكى پۈتۈن يىللىق يىغىندىنىڭ ئىككى ھەسسىسىدىن ئېشىپ كەتتى. 2019 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونلارنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىدە، ئالاتاۋ ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى 2018 ـ يىلىدىكى 49 ـ ئورۇندىن 24 ـ ئورۇنغا ئۆرلىدى.

شىنجاڭدىكى بىرىنچى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 16 ـ ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايون بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئالاتاۋ ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى گوۋۇيۈەننىڭ ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى سەۋىيەلىك تەرەققىياتى توغرىسىدىكى 21 تەدبىرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، رايون ئىچى ئۆزى توشۇش تۈزۈمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، كارخانىلارنى ماسلاشتۇرغۇچى تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىپ، پورتقا تايىنىپ كەسپلەرنىڭ توپلىنىشىنى تېزلەتتى.

رۇيچېن چىرىشتىن ساقلىنىش، خۇايوۋ پولات تۇرۇبىسى قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى ئىلغار ياسىمىچىلىق، جىندې توقۇمىچىلىق، خۇاماۋ توقۇمىچىلىقى قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپى، ۋەنجىيا داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسپلەرنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى، ئىمپورت تاۋارلىرى يەرلىكتە پىششىقلاپ ئايلاندۇرۇپ كەسىپ زەنجىرى شەكىللەندۈرۈلۈپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئۆلگە تۈرى ئۈزلۈكسىز يېتىشتۈرۈلدى.

«باجدىن خالىي رايونغا كىرىپ ئورۇنلاشقان بەش يىلدىن بۇيان، شىركىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىر يىلدا 200 مىڭ توننا ئىمپورت قىلىش مىقدارى ئېشىپ 1 مىليون توننىغا يېقىنلاشتى» دېدى تيەنماشىڭ ئوقەتچىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ دىرېكتورى لى جۋاڭ.

پورت تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان، ئالاتاۋ شەھىرى جەمئىي 20 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىپ، شەھەرنىڭ ياندىش ھەم تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ئۇل ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشنى تاماملىدى. ئالاتاۋ شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى پى لۇپېڭ تونۇشتۇرۇپ، كۆكەرتىپ ئورمان بەرپا قىلىش ئالاتاۋنى 150 مىڭ موغا يېقىن ئورمان بەلبېغىغا ئىگە قىلدى، ئېبىنۇر كۆلىنىڭ سۇ دائىرىسى كۆلىمى 500 نەچچە كۋادرات كىلومېتىردىن ئەسلىگە كېلىپ 800 نەچچە كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى.

«شامال ئېلېكترى، فوتو ئېلېكترى قاتارلىق پاكىز ئېنېرگىيەلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى ئالاتاۋنىڭ كىچىك مۇھىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىدى، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش مەشغۇلاتى نەق مەيداندا شامال كۈچى ئۈزلۈكسىز ئاجىزلىدى.» پى لۇپېڭ مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە ئالاتاۋ تۆمۈريول مەخسۇس لىنىيەسىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشنى پائال يولغا قويۇپ، ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايوننىڭ تۆمۈريول مەخسۇس لىنىيەسىنى لەنجوۋ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولى لىنىيەسىگە بىۋاسىتە تۇتاشتۇرۇپ، پورتنىڭ تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈرمەكتە.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۈندىدارىدىكى ‹ئالقان دوختۇرخانىسى›نىڭ بىر ھېساباتى نومۇرىغا بەش كېسەل كۆرسىتىش كارتىسى ئۇچۇرىنى باغلىغىلى بولىدۇ، ئائىلىمىزدىكىلەر ئالدىن كېلىشىپ كېسەل كۆرسەتسە مەن بىر ئادەم مەشغۇلات قىلسىلا ئىشنى پۈتكۈزەلەيمەن» دېدى لىۋ ئەپەندى.

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كېسەل كۆرسىتىش جەريانىدىكى «دىياگنوز قويۇش، داۋالاشتىن باشقا» ھالقىلاردا ئۆچرەت كۆپ، ساقلاش ۋاقتى ئۇزاق بولۇش قاتارلىق ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى چۆرىدەپ، ھەقىقىي يولغا قويغىلى بولىدىغان تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇلازىمەت تەرتىپىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، دىياگنوز قويۇش، داۋالاش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. تېلېفون، ئۈندىدار، ئۆز ئالدىغا مەشغۇلات قىلىش ماشىنىسى ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىنىڭ داۋالىنىش تۈيغۇسىنى ياخشىلاپ، تېز سۈرئەتتە ئالدىن كېلىشىش مۇلازىمىتى ئارقىلىق كېسەل كۆرسىتىش ئۈچۈن ساقلاش ۋاقتىنى يېرىم سائەتكە قىسقارتقاچقا، كۈندىلىك ئامبۇلاتورىيەدە كېسەل كۆرسىتىدىغانلار 10 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى گۇەن ئەيجۈن مۇنۇلارنى تونۇشتۇردى: دوختۇرخانا پارتكوم بەدزىسى ئۆگىنىشنى تۇتۇش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى تۇتۇش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىشنى تۇتۇشنى چىڭ تۇتۇپ، ئەڭ ئاخىردا تۈزىتىشتە ئەمەلىيلەشتۈردى. ئاممىنىڭ داۋالىنىشتىكى توسۇق نۇقتا، قىيىن نۇقتا، ئاغرىق نۇقتىنى چۆرىدەپ، داۋالىنىش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئاغرىقلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كۆپ مەنبەلەشكەن، ئىنچىكىلەشكەن داۋالاش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنى سۈپەتلىك داۋالاش بايلىقىدىن بەھرىمەن قىلىش بىلەن بىللە، تېخىمۇ قولايلىق، تېخىمۇ ئازادە داۋالىنىش تۇيغۇسىغا ئىگە قىلدى.

مۇخبىر ئۈندىداردىن «شىنجاڭ خەلق دوختۇرخانىسى»نىڭ ئاممىۋى نومۇرىنى ئىزدەپ، سالاھىيەت ئۇچۇرى ۋە كېسەل كۆرسىتىش كارتىسىنى باغلىغاندىن كېيىن، ئىقتىدار ئىستونىدىكى «ئالقان دوختۇرخانىسى»دا نۇرغۇن ئىقتىدار، مۇلازىمەت ئۇلانمىسىنىڭ بارلىقىنى كۆردى. تۇردىلا ھەق تاپشۇرغىلى، ھەقنى قايتۇرغىلى بولۇپلا قالماي، تەكشۈرۈش دوكلاتىنى، ئامبۇلاتورىيە ۋە كېسەلخانىدا يېتىش ھېساباتى قاتارلىقلارنىمۇ كۆنۈپكىنى بېسىپلا بىۋاسىتە تەكشۈرگىلى بولىدىكەن. كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئورۇندا يەنە ئەركىن تاللاشقا بولىدىغان، ۋاقىت باسقۇچىغا ئايرىلغان «ئالدىن كېلىشىش» «نومۇر ئېلىش» دېگەنلەر بار ئىكەن. كۆرۈنمە يۈزنى چەكسە، بىر ھەپتە ئىچىدە ھەرقايسى بۆلۈملەردىكى كېسەل كۆرىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كېسەل كۆرۈش ئۇچۇرى، نومۇر قالدۇق مىقدارى، ئالدىن كېلىشىش ۋاقتىنى بىر قاراپلا كۆرگىلى، مۇۋاپىق ۋاقىت بۆلىكىنى چېكىپ مۇقىملاشتۇرسا نومۇر ئېلىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى ئۇچۇرىنى تاپشۇرۇۋالغىلى بولىدىكەن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بىر مىنۇتمۇ ۋاقىت كەتمەيدىكەن.

باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى «يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا داۋالاش مۇلازىمىتىنى ياخشىلاش ھەرىكىتى پىلانى» ۋە دوختۇرخانا سۈپەت ـ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، رازى بولۇش دەرىجىسىنى تەكشۈرۈش، دوختۇر بىلەن ئاغرىقنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇشى ۋە چوڭ سانلىق مەلۇمات ئانالىزى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىش، داۋالىنىش جەريانىدىكى پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى توپلاپ، خەلقنى مەركەز قىلىپ، داۋالاش مۇلازىمىتى تەرتىپىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ داۋالاش مۇلازىمىتىنىڭ سۈپىتى ۋە مۇلازىمەت سۈپەت ـ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، كېسەل كۆرسەتكەن ئاغرىقلارنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسى، ئېتىراپ قىلىش دەرىجىسىنى كۈنسېرى ئۆستۈردى. «بىرقىسىم تۈيۈقسىز بىئارام بولۇپ نەق مەيداندا داۋالاشقا توغرا كېلىدىغان ئاغرىقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، دوختۇرخانىنىڭ ھەرقايسى قەۋەتلىرىدىكى قاتار ـ قاتار ئۆز ئالدىغا مەشغۇلات قىلىش ماشىنىلىرى كۈچلۈك ياردەمچى ھېسابلىنىدۇ، يەنە پىدائىيلار بىرگە بىر نەق مەيداندا مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلەيدۇ، ياشانغانلار، بالىلار قاتارلىق توپلارنىڭ كېسەل ئەھۋالى مۇرەككەپ بولۇپ، قايسى بۆلۈمگە نومۇر ئېلىشنى بىلەلمەي قالسا، تېلېفوندا ئادەملىك مۇلازىمەت مەركىزىدىن مەسلىھەت سوراپ، داۋالىنىش كۆرسەتمىسىگە ئېرىشىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى ئامبۇلاتورىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى دوڭمېي مۇنداق دېدى: «960200» تېلېفوندا ئالدىن نومۇر ئېلىش قىزىق لىنىيەسى بۇ دوختۇرخانىنىڭ «بىر بېكەتلىك» 24 سائەت پۈتۈن جەريانلىق داۋالاشتىن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمەت كۆزنىكىگە ئايلاندى، ئالدىن كېلىشىپ نومۇر ئېلىشتىن سىرت، يەنە دوختۇرخانىغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈش ۋە سوراپ دىياگنوز قويۇش، يېتەكچىلىك قىلىش، تەكلىپ بېرىش بىلەن تەمىنلەيدۇ.

---

گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، گۈزەل يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىمەن

□ **قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، باش كاتىپ مەمەتساۋۇت ھېكىم**

مەن بىر ئادەتتىكى كادىر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1975 ـ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە قاتناشقان، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسى، مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسى، رادىيو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، سىياسىي كېڭەش، خەلق قۇرۇلتىيى قاتارلىق نۇرغۇن خىزمەت ئورنىدا ئىشلىدىم، 40 نەچچە يىللىق خىزمەت ھاياتىمدا، بىر ئادەتتىكى كادىردىن قەدەممۇقەدەم باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك كادىرلىق ئىش ئورنىغا چىقتىم.

مېنىڭ ھەربىر قەدەم ئۆسۈپ يېتىلىشىم پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى ۋە يېتىشتۈرۈشىدىن ئايرىلالمايدۇ، تەشكىلنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، خىزمەتداشلىرىمنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. مېنىڭ ئىلگىرىلىشىممۇ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى پىششىق ئىگىلىگەنلىكىمنىڭ پايدىسىدىن بولغان. دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى ئۆگىنىشنى تىلغا ئالسام، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى سىنىپ مۇدىرىم چېن چاڭفۇ مۇئەللىمنى ئەسكە ئالىمەن، دەل ئۇنىڭ تەلىمى ۋە تەسىرىدە، ئون نەچچە ياش ۋاقتىمدىلا دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەنىدىم. چېن مۇئەللىم ماڭا ئۆز بالىسىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلاتتى، ئۆگىنىش، تۇرمۇش، ئىدىيە جەھەتتە ماڭا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، مېنىڭ ياخشى پەزىلەت يېتىلدۈرۈپ، ياخشى دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى ئاساسى سېلىشىمغا تۈرتكە بولۇپ، مېنى ئاساسىي قاتلامدىن قەدەممۇقەدەم پۇختا قەدەم ئېلىپ ھازىرقى خىزمەت ئورنىغا چىقىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى.

ئاپام 1969 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە بولغان ئون يىلدا، ئاغرىق ئازابىنىڭ دەردىنى تارتىپ، پۈتۈن شىنجاڭ تەۋەسىدىكى بارلىق چوڭ دوختۇرخانىلارغا دېگۈدەك بارغان. 1979 ـ يىلى، مەن ئاپام بىلەن بىللە يەنە بىر قېتىم داۋالىنىش سەپىرىگە ئاتلىنىپ، شاڭخەي شەھەرلىك 6 ـ خەلق دوختۇرخانىسىغا باردىم. بىزنىڭ چېگرا رايوندىن داۋالىنىشقا كەلگەنلىكىمىزنى ئاڭلاپ، دوختۇر ـ سېستىرالار بىزگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، تۇغقىنىدەك كۆرۈپ، بىزنى داۋالاش بايلىقىدىن ئالدىن بەھرىلەندۈردى. كۆڭۈل قويۇپ دىياگنوز قويۇش ۋە تۆت ئاي داۋالاش ئارقىلىق، ئاپام سەللىمازا ساقايدى، 2011 ـ يىلى قازا قىلدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىچكىرى جاينىڭ ئىلغار ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلىرى، تېخنىكىسى يۇقىرى دوختۇرلىرى، مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغان سېستىرالىرى ئاپامنىڭ ھاياتىنى يەنە 30 نەچچە يىل ئۇزارتتى.

كۆپ يىللار ئىلگىرىكى كەچۈرمىشىم كاللامدا چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان. كېيىن مەن قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسىدا خىزمەت قىلدىم، ئون يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا تەرجىمانلىق خىزمىتىنى قىلىپ، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ھەرقايسى يېزا ـ بازارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك بېرىپ، قەشقەردە توپا يولنىڭ ئاسفالت يولغا ئۆزگەرگەنلىكى، ئات ھارۋىلىرىنىڭ ئاپتوموبىلغا ئۆزگەرگەنلىكى، كېسەك ئۆينىڭ خىش ئۆيگە ئۆزگەرگەنلىكى، كۆل سۈيىنىڭ تۇرۇبا سۈيىگە ئۆزگەرگەنلىكى قاتارلىق كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە گۇۋاھ بولدۇم. ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشى جەريانىدا، مەن ھەر مىللەت قېرىنداشلارنىڭ بارغانسېرى كەڭ، چوڭقۇر ئالاقىلەشكەنلىكى، ئالماشتۇرغانلىقى، ئارىلاشقانلىقىنى ھېس قىلدىم، چوڭ جەھەتتە كۆۋرۈك سېلىش، يول ياساش، ئۆي سېلىش، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، كىچىك جەھەتتە تىككۈچىلىك، ساتىراشلىق قاتارلىق تېخنىكىلارنىڭ ھەممىسىدە ھەر مىللەت قېرىنداشلار ئۆزئارا ئۆگىنىدىغان، ئورتاق ئىلگىرىلەيدىغان ياخشى كەيپىيات نامايان بولدى.

پارتىيە كۆپ يىل تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن پارتىيەنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى ۋە ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلماقتىمەن، ھەر ۋاقىت مىننەتدارلىقنى قەلبىمگە پۈكۈپ كەلدىم. مەن تىل بىلىدىغان، سىياسەت بىلىدىغان ئەۋزەللىكىمنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى، بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىمەن، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلققە قىلغان سەممىي غەمخورلۇقىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىمەن، پارتىيەنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىمەن، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ خالىس ياردىمىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىمەن، ئاممىنى پارتىيەگە مىننەتدار بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، گۈزەل يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قۇرۇشقا تەربىيەلەيمەن، يېتەكلەيمەن.